# ئاممىغا خالىس ياردەم بېرىدىغان ياخشى لېەنجاڭ

## —— بىڭتۈەن 5 - شىسى قوش ئۆگۈز شەھىرى 84 - تۈەن 7 - لېەن پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، لېەنجاڭ ۋاڭ پىلىڭ توغرىسىدا

**ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش**
**يېنىمىزدىكى ئۈلگىلەر**

□ مۇخبىرىمىز جاڭ شياۋيەن، ئىختىيارىي مۇخبىرىمىز جياڭ شياۋۋېي

بۇ يىل يازدا، نۇرغۇن تاراتقۇ مۇخبىرلىرى ۋاڭ پىڭنى زىيارەت قىلغاندا مۇنداق سورىدى: «سىز ئەينى ۋاقىتتا نېمە ئۈچۈن بىڭتۈەندە يىلتىز تارتىشنى ئويلاپ قالغان؟» «مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزاسى، مەملىكەتلىك ئەمگەك نەمۇنىچىسى بولۇش سۈپىتىڭىز بىلەن، سىز ئەسلى مەقسەت ۋە بۇرچنى قانداق قىلىپ ئەمەلىيەتتە كۆرسەتتىڭىز؟» ۋاڭ پىلىڭ ھەممىسىگە بىر - بىرلەپ جاراڭلىق ئاۋازدا جاۋاب بەردى.

30 يىلدىن بۇيان، ئەڭ دەسلەپتىكى كۆنلۈك ئىشلەمچىلىكتىن يەر ھۆددىگە ئېلىشقىچە، كۆچمە نوپۇستىن بىڭتۈەننىڭ ئىشچى - خىزمەتچىسى بولۇشقىچە، ئاممىدىن پارتىيە ئەزاسى بولۇشقىچە، ئەمگەك ماھىرىدىن تۈەنچاڭنىڭ بېيىش باشلامچىسى بولۇشقىچە... بۈگۈنكى كۈندە، بىڭتۈەن 5 - شىسى قوش ئۆگۈز شەھىرى 84 - تۈەن 7 - لىەن پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، لىەنجاڭى بولغان ۋاڭ پىلىڭ ئاممىغا ئىزچىل رىشتە باغلاپ كەلدى.

■ **بېيىغاندا ئاممىنى ئۇنتۇماسلىق**

2018 - يىلى، ۋاڭ پىلىڭ «مەملىكەت بويىچە ئون ياخشى دېھقان» بولۇپ باھالاندى، ئۇ بىڭتۈەندىكى بۇ شەرەپلىك نامغا ئېرىشكەن بىردىنبىر ئىشچى - خىزمەتچى. مۇكاپاتقا ئېرىشكەندىن كېيىن، چەكسىز ھاياجانلانغان ۋاڭ پىلىڭ ئالدى بىلەن تۈەنچاڭدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر، ئاممىنىڭ ئۇنىڭغا قىلغان ياردىمىنى ئەسكە ئالدى.

1988 - يىلى، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزگەن ۋاڭ پىلىڭ بىرنەچچە يۇرتدىشى بىلەن سىچۈەن ئۆلكىسىدىن بىڭتۈەنگە كېلىپ تىرىشىپ ئىشلىدى. يېڭى كەلگەندە، ئۇ كېسەك ئۆيدە تۇردى، ھەتتا يوتقان - كۆرپىسىمۇ بولمىغاچقا، كارىۋات تاختىيىغا مەنگەن يېيىپ، ئۈستىگە كىرلىكنى يېپىپ كۆرپە قىلدى. ئۇ تۇڭلىغىنىدىن لاغىلداپ تىترەۋاتقاندا، لىيەندۈينىڭ بىر خىزمەتچىسى ئۇنىڭغا يوتقان ئەكىلىپ بەردى. «بۇ ئىش ھېلىمۇ يادىمدا، ئۆمۈر بويى ئۇنتۇيالمايمەن» دېدى ۋاڭ پىلىڭ تەسىرلەنگەن ھالدا.

لىيەندۈي ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنىڭ قولمۇقول ئۆگىتىشى، سەممىي ياردىمىدە، ۋاڭ پىلىڭ تەدرىجىي ھالدا بۇغداي، كۆممىقوناق، پىگمېنت جۇخارگۈلىنى تېرىش تېخنىكىسىنى ئۆگەندى... 1995 - يىلى، ۋاڭ پىلىڭ لىيەندۈيدە بىرىنچى بولۇپ توختام ئىمزالاپ، نەچچە يۈز مو يەرنى ھۆددىگە ئالدى. ئۇ، ئىشلەشنى خالىسىلا، ھەقىقىي ئىشلىسىلا ھوسۇلغا ئېرىشەلەيدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشىنەتتى، ئۇ بىر تەرەپتىن، سەھەر تۇرۇپ كەچ يېتىپ ئىشلىسە، يەنە بىر تەرەپتىن، ۋاقىت چىقىرىپ ئىلمىي تېرىقچىلىق بىلىملىرىنى ئەستايىدىل ئۆگەندى، يەنە دائىم لىيەندۈيدىكى تېخنىكلاردىن تەلىم ئالدى.

ئىلمىي تېرىقچىلىق قىلىش، جاپالىق ئەجىر قىلىشقا تايىنىپ، ۋاڭ پىڭنىڭ تۇرمۇشى بارغانسېرى ياخشىلىنىپ، لىيەندۈينىڭ بېيىش باشلامچىسىغا ئايلاندى. تەدرىجىي بېيىغان ئۇ، كۆپچىلىككە جاۋاب قايتۇرۇشنى قەلبىگە ئىزچىل پۈكۈپ كەلدى، ئۇ ئىشچى - خىزمەتچىلەر، ئاممىغا مول تەجرىبىلىرىنى ئۆگەتتى، قىيىنچىلىقى بار ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ بېرىپ تۇرغان ئىشلەپچىقىرىش مەبلىغى 1 مىليون يۈەندىن ئاشتى.

2012 - يىلدىن باشلاپ، ۋاڭ پىلىڭ ھەر يىلى 50 مىڭ يۈەن چىقىرىپ، «ۋاڭ پىلىڭ ياردەم بېرىش - يۆلەش فوندى»نىڭ قوزغىتىش مەبلىغى قىلىپ، لىيەندۈيدىكى مەبلەغ ئىشلىتىشكە جىددىي موھتاج بولغان ئىشچى - خىزمەتچىلەر، ئاممىغا ياردەم بەردى، ئۇنىڭ تۈرتكىسىدە، لىيەندۈيدىكى تېرىقچىلىق، باقمىچىلىق ئائىلىلىرى بەس - بەستە پۇل ئىئانە قىلدى.

ۋاڭ پىلىڭ تەسىرلەنگەن ھالدا مۇنداق دېدى: «مەن قىيىنچىلىقتا يولۇققاندا، ئىشچى - خىزمەتچىلەر، ئاممىمۇ ماڭا قىزغىن ياردەم قىلدى، باشقىلار قىيىنچىلىققا ئۇچرىغاندا، مەنمۇ چوقۇم ياردەم قىلىمەن».

■ **قىزغىنلىق بىلەن ئاممىۋى پاراۋانلىق، ياردەم بېرىش - يۆلەشكە قاتنىشىش**

8 - ئاينىڭ 23 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، 5 - شى 84 - تۈەندە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بىرلەشمە كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتى قىزغىن ئېلىپ بېرىلىۋاتاتتى، 13 ياشلىق قازاق قىز چاق ئايسانا ئېرمۇزا بىرلەشمە كۆڭۈل ئېچىشتا ياخشى كۆرىدىغان دومبىراسىنى چالدى، ئۇنىڭ چېھرىدە تەبەسسۇم جىلۋىلەندى.

2013 - يىلى، ۋاڭ پىلىڭ پاراۋانلىق پائالىيىتىگە قاتناشقاندا 84 - تۈەن مەكتىپىنىڭ ئوقۇغۇچىسى ئايسانا بىلەن تونۇشۇپ قالغانىدى. قىزچاقنىڭ ئۆيىدە پەقەت ئانا - بالا ئىككىسىلا بارلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، ۋاڭ پىلىڭ ئۇلارغا ياردەم بېرىشنى قارار قىلدى.

ئايسانانىڭ ئانىسى نۇرگۈل شايىغازىنىڭ خىزمىتى يوق ئىدى، ۋاڭ پىلىڭ ئامال قىلىپ ئۇنىڭغا خىزمەت تېپىپ بەرمەكچى بولدى، ئاخىر تۈەنچاڭ پارتىيە تەشكىلاتى ۋە 84 - تۈەن مەكتىپىنىڭ ياردىمىدە، نۇرگۈل مەكتەپنىڭ ئارقا سەپ تەمىنات خىزمىتىگە ئورۇنلاشتى، ھەر ئايدا مۇقىم كىرىمى بار بولدى. «ئۇ خىزمەت مەن ئۈچۈن بەك مۇھىم ئىدى، ئىشقا چىققان تۇنجى كۈنى ھاياجانلىنىپ يىغلاپ كەتكەنىدىم» دېدى نۇرگۈل كۆپچىلىككە.

بۇلتۇر، ۋاڭ پىلىڭ نۇرگۈلنى يەنە مەھەللە خىزمىتىگە تونۇشتۇرۇپ قويدى، بۇ خىزمەت ئورنى ئۇنىڭ ئۆيىگە تېخىمۇ يېقىن بولۇپ، ھەر ئايدا 2000 يۈەندىن ئارتۇق كىرىم قىلالايتتى.

ھەر يىلى بېرىش - كېلىش قىلىش جەريانىدا، ئىككى ئائىلە سىڭنىڭ - مىڭنىڭ دېيىشمىدى، ھەرقانداق ئىشتا قارشى تەرەپنى ئويلىدى، بايرام - دەم ئېلىش كۈنلىرىدە بىكار بولسىلا بىللە ساياھەتكە چىقتى.

يېقىندا، نۇرگۈل ئۆي ئالماشتۇرماقچى بولدى، لېكىن ئۆي سودىسى رەسمىيىتىنى پىششىق بىلمىگەنلىكتىن قىينىلىپ قالدى. ۋاڭ پىلىڭ ئۇنىڭغا ياردەملىشىپ ئالاقىدار خادىملاردىن مەسلىھەت سوراپ، يېرىم ئاي قاتراپ، ئاخىر نۇرگۈلنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك يېڭى ئۆي سېتىۋېلىشىغا ياردەم بەردى.

■ **نەمۇنىچىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇش**

«پارتىيە 19 - قۇرۇلتىيى دوكلاتىدا ئىشچى - خىزمەتچىلەر، ئاممىغا دېمەكچى بولغان سۆز، قىلماقچى بولغان ئىشلارنىڭ ھەممىسى تىلغا ئېلىندى، بىزنىڭ كەلگۈسىدىكى گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان ئۈمىدىمىز تولۇپ تاشتى.» 8 - ئاينىڭ 23 - كۈنى، ۋاڭ پىلىڭ مۇنداق دېدى: «پارتىيەمىز خەلقنى بەختكە ئېرىشتۈرۈشتە دۇنيانىڭ دىققىتىنى تارتقۇدەك مۆجىزىلەرنى قولغا كەلتۈردى. مەن دۆلەتنىڭ قۇدرەت تاپقانلىقىنى، كۆپچىلىكنىڭ تۇرمۇشىنىڭ ياخشىلانغانلىقىنى ھەقىقىي ھېس قىلدىم».

ۋاڭ پىلىڭ مۇخبىرلارغا مۇنداق دېدى: ئاساسىي قاتلام لىيەندۈيلىرىدىمۇ غايەت زور ئۆزگىرىش بولدى: ئىشچى - خىزمەتچىلەر، ئاممىغا سۇ، توك، پار، ھاجەتخانا، مۇنچا تولۇق يۈرۈشلەشكەن يېڭى ئۆيلەرگە كۆچۈپ كىردى، ئاسفالت يوللار ئىشىك ئالدىغىچە تۇتاشتۇرۇلدى، ئورمانلىق ئارىسىدا بىنا ئۆيلەر قەد كۆتۈردى، مەنزىرە دەريالىرى ئورمانلىقتىن كېسىپ ئۆتتى، بوش ۋاقىتلاردا ئىشچى - خىزمەتچىلەر، ئامما مەيداندا بەدەن چېنىقتۇرىدىغان، سەيلە قىلىدىغان بولدى. ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش شارائىتىنىڭ ياخشىلىنىشىغا ئەگىشىپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەر، ئاممىنىڭ روھمۇ بارغانسېرى كۆتۈرۈلدى.

«مەن ھەم ئاممىنىڭ بېيىش ئىشەنچىنى تۇرغۇزۇشىغا ياردەم بېرىمەن، ھەم ئۇلارنىڭ پۇل تېپىش ماھارىتىنى ئۆگىنىۋېلىشىغا، بېيىش يولىنى تېپىشىغا ياردەم بېرىمەن» دېدى ۋاڭ پىلىڭ. ھازىر، ئىشچى - خىزمەتچىلەر، ئاممىمۇ بەسلىشىپ ئىشلەۋاتىدۇ، ئىلگىرىكى تۇرالغۇ ئۆي، پىكاپتا بەسلىشىش ھازىر تېخنىكىدا، مەدەنىيەتتە بەسلىشىشكە ئۆزگەردى.

«مەن يەنە پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئاۋانگارتلىق، نەمۇنىلىك رولىنى تېخىمۇ جارى قىلدۇرۇپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەر، ئاممىنى بېيىپ ھاللىق سەۋىيەگە يېتىشكە يېتەكلەپ، كۆپچىلىكنى بىرلىكتە تېخىمۇ گۈزەل تۇرمۇش كەچۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىمەن» دېدى ۋاڭ پىلىڭ.

11 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى تەشكىلىي كومىتېتى ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى ئاچتى

# ئاپتونوم رايونىمىز ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت تۈرىدىن 629نى قېزىپ رەتلەپ چىقتى

**دىققەتنى مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە مەركەزلەشتۈرۈش**

مۇخبىرىمىز جىڭ يېيۈەن خەۋەر قىلىدۇ: 9 - ئاينىڭ 10 - كۈنى، 11 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى تەشكىلىي كومىتېتى جېڭجوۋ ئولىمپىك تەنھەرىكەت مەركىزىدە ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، بۇ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە قاتناشقان شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى، خېيلۇڭجياڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى، خۇنەن ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ مۇسابىقىگە قاتنىشىش ئەھۋالى ۋە مىللەتلەر ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالىنى ئېلان قىلدى.

ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىدا، شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ مۇئاۋىن ئۆمەك باشلىقى، ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى(دىن ئىشلىرى ئىدارىسى)نىڭ مۇدىرى(ئىدارە باشلىقى) مەخمۇت ئوسمان تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: نۆۋەتتە، شىنجاڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت تۈرىدىن جەمئىي 629نى قېزىپ رەتلەپ چىقتى.

بۇ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە قاتنىشىۋاتقان شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى ئۇيغۇر، خەنزۇ، قازاق، خۇيزۇ، قىرغىز، موڭغۇل، شىبە، تاجىك، مانجۇ، ئۆزبېك، رۇس، داغۇر، تاتار قاتارلىق 13 مىللەتتىكى تەنھەرىكەتچىلەر، تىرېنېرلار، كوماندا يېتەكچىلىرى، خىزمەتچى خادىملار ۋە ۋاقىتلىق تۇرۇپ ئويۇن كۆرسەتكۈچى خادىملار قاتارلىق 260 كىشىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، مىللىيچە چەۋەندازلىق، مىللىيچە ساغلاملىق گىمناستىكىسى، مىللىيچە چاماشچىلىق، مىللىيچە چېلىشىش، بۇقچىلاپ ئارغامچا تارتىشىش، ئىلەڭگۈچ قاتارلىق ئالتە مۇسابىقە تۈرى، دارۋازلىق، سارغايدى، ئات ئۈستىدە كۈچ سىنىشىش، قىزقوغلاش، مەررە توپ قاتارلىق بەش ماھارەت كۆرسىتىش تۈرىدىكى مۇسابىقىلەرگە قاتناشتى. بۇنىڭ ئىچىدە، مۇسابىقە تۈرلىرىدىن مىللىيچە چېلىشىش، بۇقچىلاپ ئارغامچا تارتىشىش، ئىلەڭگۈچ، ماھارەت كۆرسىتىش تۈرلىرىدىن دارۋازلىق، سارغايدى شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ ئەۋزەل تۈرلىرى. 9 - ئاينىڭ 10 - كۈنىگىچە، شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى ئىلەڭگۈچ تۈرىدە ئۈچ 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشىپ، شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى ئۈچۈن ياخشى باشلىنىشنى قولغا كەلتۈردى.

شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ مۇئاۋىن ئۆمەك باشلىقى، ئاپتونوم رايونلۇق تەنتەربىيە ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى جۇرئەت قاسىم مۇنداق دېدى: «شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكى ھەر مىللەت تەنھەرىكەتچىلەر بۇ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى مەزگىلىدە قېرىنداش ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، شەھەرلەرنىڭ تەنھەرىكەتچىلىرى بىلەن بىللە مەشىق قىلىش، مۇسابىقىلىشىش، ئالماشتۇرۇش پۇرسىتىنى ئىنتايىن قەدىرلەپ، تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق ۋە ئەڭ ياخشى ماھارەت كۆرسىتىش ھالىتى بىلەن مۇسابىقىگە ئاتلىنىپ، مۇسابىقە نەتىجىسى ۋە مەنىۋى مەدەنىيلىكتە قوش ھوسۇل ئېلىشقا تىرىشىپ، ئەلا نەتىجىلەر بىلەن قانائەتلىنەرلىك جاۋاب قەغىزى تاپشۇرىدۇ».

ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى مول، رەڭدار بولۇپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ مەدەنىيەت تۇرمۇشىنى زور دەرىجىدە بېيىتتى. ئىگىلىنىشىچە، شىنجاڭ ئىلگىرى ئون نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە قاتناشقان، ئاپتونوم رايون ھەر تۆت يىلدا بىر قېتىم ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزگەن، 14 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر ۋە مۇتلەق كۆپ ساندىكى ناھىيە، يېزىلارمۇ دېھقانچىلىقنىڭ ئارسال مەزگىلىدە ئوخشاش بولمىغان شەكىللەردە ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت مۇسابىقىلىرىنى ئۆتكۈزگەن.

تېخىمۇ كۆپ مەزمۇننى ئىككىلىك كودنى سكانىرلاپ كۆرۈڭ

**گۈزەل يۇرت - ماكانىمىزنى ياخشى قوغدايلى**

# ھەر مىللەت ئاممىنى تېخىمۇ كۆپ ئېرىشىش تۇيغۇسى ۋە بەخت تۇيغۇسىغا ئىگە قىلىمەن

□ لوپ ناھىيەسى شەھەر رايونى كوچا باشقارمىسىنىڭ مۇدىرى ئىمىنتوختى ئەخمەت

بۇ يىل يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقى. 70 يىللىق ئىللىق غەمخورلۇق، 70 يىللىق ئۇچقاندەك ئىلگىرىلەش. پارتىيەلىك كادىر بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەن يۇرتۇمدىكى كۈنسايىن يېڭىلىنىۋاتقان ئۆزگىرىشلەرگە قاتنىشىشقا مۇيەسسەر بولدۇم ھەم گۇۋاھ بولدۇم.

پارتىيەنىڭ تۈرلۈك خەلققە نەپ يەتكۈزۈش سىياسەتلىرى ئارقا - ئارقىدىن چىقىرىلىپ، لوپنىڭ شەھەر رايونىدىكى ئېلېكتىر تورىنىڭ دەرىجىسى ئۆستۈرۈلۈپ ئۆزگەرتىلدى، ئاھالىلەر ئولتۇراق رايونلىرى ئۆزگەرتىپ سىلىندى، كېڭەيتىلدى، نۇرغۇن بىنا قەد كۆتۈردى، چوڭ - كىچىك كوچا - مەھەللىلەرنىڭ ھەممىسى قاتتىقلاشتۇرۇلدى ھەم فوتوۋولتلۇق يول چىرىغى ئورنىتىلدى، ئاھالىلەر مەدەنىيەت مەيدانى، مەدەنىيەت - تەنتەربىيە پائالىيەت مەركىزى ۋە ئۈستى ئوچۇق، چىراغلىق ۋاسكېتبول مەيدانى ياسالدى... لوپتا بىز داۋاملىق مۇنداق كۆرۈنۈشلەرنى ئۇچرىتالايمىز: كىشىلەر چىرايلىق، مودا كىيىنىپ مەيداندىكى فونتان ئەتراپىدا سەيلە قىلىدۇ، ئۇسسۇل ئوينايدۇ ياكى ۋاسكېتبول ئوينايدۇ، يۈگۈرىدۇ ۋە ياكى بىر ئائىلە كىشىلىرى باغچىدىكى ئۈزۈم ئورۇندۇقلاردا ئولتۇرۇپ مۇڭدىشىدۇ، باللار خۇشال - خۇرام ئوينايدۇ، تىجارەتچىلەرنىڭ خېرىدار چاقىرغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ، شەھەر رايونى كېچىدىكى نېئون چىراغلارنىڭ يورۇقىدا تولىمۇ ئىللىق، ئىناق كۆرۈنىدۇ.

خەلق ئاممىسىنىڭ بەخت كۆرسەتكۈچى بىراقلا ئۆستى، تەشەببۇسكارلىق بىلەن پارتىيەگە كىرىشكە ئىلتىماس قىلىدىغانلار بارغانسېرى كۆپەيدى، ئاھالىلەرنىڭ كۈلكىسىمۇ بارغانسېرى كۆپەيدى.

پارتىيە ئەزالىرى - كادىرلار مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش جەھەتتە ئۈلگىلىك رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، ئاممىنى تەربىيەلەپ، ئاممىنى تەشكىللەپ، ئاممىنى سەپەرۋەر قىلىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداشتەك مۇھىم ۋەزىپە - مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىپ، ھەر مىللەت ئاممىغا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى ۋە ئۇلۇغ ۋەتىنىمىز بولمىسا، بىزنىڭ بۈگۈنكى گۈللىنىشىمىزنىڭ بولمايدىغانلىقىنى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بەختلىك تۇرمۇشىنىڭ بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشى كېرەك.

پارتىيە ئۇزاق يىل تەربىيەلەپ يېتىشتۈرگەن پارتىيەلىك كادىر بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەن تارىخىي بۇرچ ۋە مەسئۇلىيەتنى زىممەمگە ئالىمەن، ھەرقانداق ۋاقىتتا، ھەرقانداق جايدا باشتىن - ئاخىر پارتىيەنى سۆيۈش، ۋەتەننى سۆيۈش، خەلقنى سۆيۈش ئالىيجاناب ھېسسىياتىغا ۋارىسلىق قىلىمەن. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ نەمۇنىچىلىرىدىن بولۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا پايدىلىق سۆزلەرنى كۆپ قىلىمەن، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا پايدىلىق ئىشلارنى كۆپ قىلىمەن.

لوپ شەھەر رايونىدىكى كۈنسايىن يېڭىلىنىۋاتقان ئۆزگىرىشلەرنى كۆرگىنىمدە تولىمۇ ھاياجانلىنىمەن. مەن ھەر مىللەت ئاممىنى قەلبىمگە پۈكۈپ، ئەمەلىي ئىش، ياخشى ئىشلارنى كۆپ قىلىپ، ھەر مىللەت ئاممىنى تېخىمۇ كۆپ ئېرىشىش تۇيغۇسى ۋە بەخت تۇيغۇسىغا ئىگە قىلىش ئۈچۈن بوشاشماي تىرىشىمەن.

# ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى 64 - قېتىملىق مۇدىرلار يىغىنى ئاچتى

(بېشى 1 - بەتتە)

يىغىندا ئاپتونوم رايونلۇق 13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى 12 - يىغىنىنىڭ قارالما لايىھەسى ھەم ئورۇنلاشتۇرۇش پىكرى قاراپ چىقىلدى. مۇدىرلار يىغىنىنىڭ تەكلىپ قارالمىسىغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايونلۇق 13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى 12 - يىغىنىدا «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ‹جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ دېھقانلار كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپى قانۇنى›نى يولغا قويۇش چارىسى(تۈزىتىلمە لايىھەسى)» «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ گېيو ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش نىزامى(لايىھەسى)» قاراپ چىقىلدۇ، «ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ئىت بېقىشنى باشقۇرۇش نىزامى» «سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى شەرقىي جۇڭغار ئىقتىساد تېخنىكا - تەرەققىيات رايونىنىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇھىتىنى قوغداش نىزامى» «قاراماي شەھىرىنىڭ نېفت سانائىتى مىراسلىرىنى باشقۇرۇش نىزامى» «قومۇل شەھىرىنىڭ ئىت بېقىشنى باشقۇرۇش نىزامى» تەكشۈرۈلىدۇ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ 2018 - يىللىق دۆلەت مۈلكىنى باشقۇرۇش ئەھۋالى توغرىسىدىكى ئۇنىۋېرسال دوكلاتى قاراپ چىقىلدۇ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ 2018 - يىللىق مەمۇرىي، كەسپىي خاراكتېرلىك دۆلەت مۈلكىنى باشقۇرۇش ئەھۋالى توغرىسىدىكى مەخسۇس دوكلاتى، ئاپتونوم رايوننىڭ داۋالاش بىرلەشمە گەۋدىسى قۇرۇلۇشى خىزمىتى ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتى، مەركەزنىڭ مۇھىت ئاسراشنى نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈشىدە قايتىما ئىنكاس قىلىنغان قېزىلما بايلىقلارنى قوغداش بويىچە تۈزىتىش ۋەزىپىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنىڭ ئورۇندىلىش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتۈلىدۇ ۋە قاراپ چىقىلدۇ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش نىزامى»نىڭ يولغا قويۇلۇش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش توغرىسىدىكى دوكلاتى، 2019 - يىللىق تىيانشان مۇھىت ئاسراش سەپىرى قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈش پائالىيىتىنىڭ قانات يايدۇرۇلۇش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتۈلىدۇ ۋە قاراپ چىقىلدۇ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى رېۋىزىيە ۋە ئەدلىيە كومىتېتى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى مائارىپ - پەن - مەدەنىيەت - سەھىيە كومىتېتى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى جەمئىيەت قۇرۇلۇشى كومىتېتىنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق 13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 2 - يىغىنى ھەيئەت رىياسىتى قاراپ چىقىشقا تاپشۇرغان ۋەكىللەر ئوتتۇرىغا قويغان تەكلىپلەرنى قاراپ چىقىش نەتىجىسى توغرىسىدىكى دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتۈلىدۇ ۋە قاراپ چىقىلدۇ، كادىرلارنى تەيىنلەش - قالدۇرۇش تەكلىپى قاراپ چىقىلدۇ.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

تەكشۈرۈشنى قانات يايدۇرۇپ، ھەر دەرىجىلىك داۋالاش ئورۇنلىرىنىڭ ئۆز - ئۆزىنى تەكشۈرۈش - تۈزىتىشنى ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇرۇشىغا ھەيدەكچىلىك قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق داۋالاشنى باشقۇرۇش مەركىزىنىڭ ئۈچۈر سۈپىسىغا تايىنىپ، 2 - دەرىجىلىك، 3 - دەرىجىلىك 21 داۋالاش ئاپپاراتىنىڭ 2016 - يىلدىن 2018 - يىلىغىچە بولغان 2 مىليون 367 مىڭ 200 پارچە كېسەل تارىخىنىڭ باش بەت ئۇچۇرىدىن نۇسخا ئېلىپ، تۈرلۈك ئۆسمە ئوپېراتسىيەسى، بوغۇم ئالماشتۇرۇش ئوپېراتسىيەسى قاتارلىق 25 خىل ئوپېراتسىيە ۋە كېسەل تۈرىنى ئىلغاپ تەكشۈرۈپ، چوڭ سانلىق مەلۇمات سۈپىسى ئارقىلىق سېلىشتۇرۇپ ئانالىز قىلىپ، ئوتتۇرىچە خىراجىتى نىسبەتەن يۇقىرى بولغان ئالاقىدار داۋالاش ئاپپاراتلىرىنى نۇقتىلىق تەكشۈرۈش ئوبيېكتى قىلىپ، چوڭ رېتسېپ يېزىش، قىممەت دورىلارنى يېزىش، قالايمىقان تەكشۈرۈش، زىيادە دىياگنوز قويۇش - داۋالاش قاتارلىق گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تاپتى.

ئۆگىنىش - تەربىيەدە قايتا ئويلىنىدىغان مەسىلىلەر، سېلىشتۇرۇپ تەكشۈرۈشتە بايقالغان مەسىلىلەر ۋە كادىرلار، ئامما ئوتتۇرىغا قويغان مەسىلىلەرنى چۆرىدەپ، ئاپتونوم رايوننىڭ داۋالاش - سەھىيە سىستېمىسى دىققەتنى مەسىلىلەرنى دەرھال چۆشىنىپ، دەرھال تۈزىتىشكە، دەرھال تەكشۈرۈپ، دەرھال تۈزىتىشكە مەركەزلەشتۈردى. ھەرقايسى داۋالاش - سەھىيە ئورۇنلىرى ئۆز ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، تۈزەش تەرتىپىنى ئىنچىكىلەشتۈرۈپ، ئىلگىرىلەشنى ئورۇنلاشتۇرۇش جەدۋىلى، تۈزەش ۋەزىپىسىنى تەقسىملەش جەدۋىلى تۈزۈپ، دەرھال تەكشۈرۈپ، دەرھال تۈزىتىپ، ئۈنۈم كۆرۈلۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى. ھازىرغا قەدەر، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ داۋالاش - سەھىيە سىستېمىسى خەلق تۇرمۇشى ساھەسىگە چېتىشلىق تۈرلۈك مەسىلىدىن جەمئىي 432نى تاپشۇرۇۋېلىپ، 366نى دەرھال تەكشۈرۈپ، دەرھال تۈزەتتى، 66 مەسىلە تۈزىتىلىۋاتىدۇ.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق دوختۇرخانىسى كېسەل كۆرسىتىش ئۈچۈن ساقلاش ۋاقتى ئۇزاق بولۇش قاتارلىق قىزىق نۇقتا مەسىلىسىگە قارىتا، تېلېفون، تور، يان تېلېفون ئېپچىش ۋە ئالدىن كېلىشىشتە ئۆز ئالدىغا مەشغۇلات قىلىش ماشىنىسى تەسىس قىلىش قاتارلىق ئالدىن كېلىشىش شەكلىنى قولىنىپ، ۋاقىتقا بۆلۈپ ئالدىن كېلىشىپ كېسەل كۆرۈپ، ئاغرىقلارنىڭ ئامبۇلاتورىيەدە كېسەل كۆرسىتىش ئۈچۈن ساقلاش ۋاقتىنى بىر سائەتتىن يېرىم سائەتكە قىسقارتىپ، دىياگنوز قويۇش - داۋالاش ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈردى.

داۋالاش - سەھىيە ساھەسىدىكى ساھە ھالقىش، كۆپ تارماق، گىرەلىشىپ كېتىشتەك قىيىن نۇقتا، مۇھىم نۇقتا مەسىلىسىگە قارىتا، تارماقلار بىرلىكتە ھەرىكەتلىنىش، ماسلىشىش، ئۇچۇر قايتما ئىنكاستىن ھەمبەھىرلىنىش قاتارلىق مېخانىزملارنى ئورنىتىپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئەستايىدىل تەھلىل قىلىپ، ھۆكۈم قىلىپ، تەكشۈرۈپ ئەمەلىيلەشتۈرۈش، تەكشۈرۈپ بېجىرىش ھەرىكىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇردى. تۈزىتىش خىزمىتى نىسبەتەن ئارقىدا قالغان ئۈچ ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرنىڭ داۋالاش - سەھىيە سىستېمىسى ۋە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئون داۋالاش ئاپپاراتى بىلەن كوللېكتىپ سۆھبەتلەشتى.

ئاپتونوم رايوننىڭ سەھىيە - داۋالاش سىستېمىسى يەنە ئاساسىي قاتلامدىكى ئاممىنىڭ «كېسەل كۆرسىتىشى قىيىن بولۇش، كېسەل كۆرسىتىشى قىممەت بولۇش، كېسەل كۆرسىتىشى يىراق بولۇش»نى نۇقتىلىق ھەل قىلىدىغان مەسىلە قىلىپ، يىراق مۇساپىلىك داۋالاش سىياسىتىنى نۇقتىدا سىناق قىلىش تۈرىگە تايىنىپ، يىراق مۇساپىلىك داۋالاشتا بىر نۇقتىنى كۆپ نۇقتا بىلەن ئۇدۇللاشتۇرۇش، كۆپ نۇقتىنى كۆپ نۇقتا بىلەن ئۇدۇللاشتۇرۇشتىن ئىبارەت چوڭ يۇغۇرۇلۇشنى ئالغا سىلجىتىپ، بايلىقتىن ھەمبەھىرلىنىش، تېخنىكا ئارقىلىق ياردەم بېرىش - يېتەكلەش ئارقىلىق، ئاممىنى ئىشىك ئالدىدىلا ئەلا سۈپەتلىك داۋالاش - ساقلىقنى ساقلاش بايلىقىدىن بەھرىلەندۈردى.